## 307929 ـ يولدىن ئۆتكۈچىلەردىن ناخشا ـ مۇزىكا، دىن ۋە قۇرئان ئايەتلىرىدىن سوراشقا ئوخشىغان ۋىدىيۇلارنى تارقىتىش توغرىمۇ؟

### سۇئال

ئىجتىمائى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا كەڭ تارقىلىۋاتقان بىر ۋىدىيۇدا: بىر ياش يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلاردىن ئايرىم ـ ئايرىم بەزى ناخشىلارنى سورايدۇ، ئۇنىڭغا توغرا جاۋاپ بەرگەن قىز ـ ئوغۇللاردىن قۇرئاندىن بىرەر سۈرىنى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ تۇيۇقسىز سورالغان سوئالدىن ھەيران قالغان قىز ـ يىگىتلەر ھېچ نەرسە دېيەلمەيدۇ، مۇشۇنداق كۆرۈنۈش بولغان ۋىدىيۇلارنى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىش توغرا بولامدۇ؟ ياكى بۇ كىشىلەرنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆككەنلىك ۋە غەيۋەتنى قىلغانلىق ھېسابلىنامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: مۇمىنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈش، ئابرۇيىنى تۆكۈش ۋە ئەيىپلىرىنى ئاشكارا قىلىشقا ئوخشىغان قىلمىشلار دىنىمىزدا چەكلەنگەن ئىشتۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُبِينًا تەرجىمىسى: «مۇمىنلەر ۋە مۇمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ.» [سۈرە ئەھزاب 58-ئايەت].

يۇقىرىدىكى سوئالدا بايان قىلىنغىنى مۇمىنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن يۈز ئابرۇيىنى تۆكۈشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك چەكلەنگەن ئىشنى بىرگە سادىر قىلىشتىن ئىبارەتتۇر:

ئۇنىڭ بىرى: ئىنساننى ئاسىيلىقنى ئاشكارا قىلىشقا زورلاش يەنى بىلگەن ياكى ئاڭلىغان ناخشىلارنى كوچىدا ئوقۇتۇش قاتارلىقلار.

ئىككىنچىسى: دىننى بىلمەيدىغانلىقى ياكى قۇرئان، ھەدىسلەرنى بىلمەيدىغان ئاجىزلىقلىرىنى بىلدۈرۈش بولۇپ، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە ۋە يېقىن ـ يورۇقلىرىغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قويۇش ۋە بۇ ۋىدىيۇنى كۆرگۈچىلەرنى شۇنىڭغا ئىلىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىككىنچى: بىر كىشىنىڭ باشقىلارنى ئۇلارنى ئاسىيلىقتا ئاشكارا ئىلىپ بارىدىغان سوئاللارنى سورىشى توغرا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «مىنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسىنىڭ خاتالىقى ئەپۇ قىلىنىدۇ پەقەت گۇناھ ـ مەسىيەتنى ئاشكارا قىلغۇچىلارنىڭ خاتالىقى ئەپۇ قىلىنمايدۇ، ئۇ دىگەن: بىر كىشى ئۆزىنىڭ كىچىدە قىلغان ناچار ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالا يوشۇرىسىمۇ ئۆزى باشقىلار ئالدىدا: مەن كىچىدىن مۇنداق ـ مۇنداق ئىش قىلدىم دەپ ئاللاھ كىچىدە يوشۇرغان قىلمىشىنى كۈندۈزدە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئاشكارا قىلىشىدۇر». [بۇخارى رىۋايىتى 6069–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2990–ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دىگەن: «كىمكى بىر مۇمىنىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا ئاللاھ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ». [مۇسلىم رىۋايىتى 2699–ھەدىس].

سۈرەتكە ئېلىنغان ۋىدىيۇنى ۋە ئۇنى تارقىتىشنى شۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان كىشىنىڭ خەۋىرى بار قىلغان بولسا يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك بولىدۇ.

ئەمما بۇنى مەسئۇل كىشىنىڭ خەۋىرى يوق قىلغان بولسا، ياكى مەسئۇلنىڭ خەۋىرى بار سۈرەتكە ئېلىپ ئاندىن ئۇنى تارقاتقان بولسا خۇددى بەزى ناچار ئېتىبارسىز پىروگراممىلاردەك، بۇنىڭ ئەڭ چەكلەنگەن بەك خاتا ئىش ئىكەنلىكىدە ھىچ شەك يوق، بۇ كىشىلەرگە قىلىنغان بوھتان، ھەددىدىن ئېشىش، ئۇلارنىڭ يۈز ئابرۇيىنى توكۈش ۋە شەخسىيىتىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: بۇ چەكلەنگەن ئىشقا تەرغىب قىلىدىغان ۋىدىيۇ بولۇپ، بۇنىڭغا مەسئۇل بولغان كىشىمۇ ۋە بۇنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇنداق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى ۋە ئۇ تۆردىكى كىشىلەرگە تەربىيە بىرىشى كىرەك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.